# 105360 ـ توگۇلاتقۇدا توگۇلاپ قالغان مېيىتنى شۇ پېتى يۇسا توغرا بولامدۇ؟

## سۇئال

بىر كىشى دوختۇرخانىدا ۋاپات بولدى، دەپنە قىلىش ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغىچە ئۈچ كۈن توگۇلاتقۇدا قويدى، توگۇلاتقۇدىن چىقارغاندا مۇزلاپ قېتىپ كېتىپتۇ، يۇغۇچى ئۇنى شۇ ھالەتتە يۇماقچى بولدى، بۇنداق ھالەتتە مېيىتنى ئۇلتۇرغۇزۇپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ قورسىقىدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا چىقىرىش مۇمكىن بولمايدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلانى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر ئىش سوئالدا بايان قىلىنغاندەك بولسا، مېيىتنى توگۇلاتقۇدىن چىقىرىپ شۇ ھالەتتە يۇغان بولسا توغرا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن."

پەتۋادا: شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن باز، شەيخ ئابدۇرەززاق ئەپىپىي، شەيخ ئابدۇللاھ بىن غۇدەييان قاتارلىقلار"] .دائىمىي كومىتېت پەتۋاسى- 8 "توم- 358 بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.